


ھەزرىتئېلى باياجى

# يېرىم يىل ۋاقىتتا چولپان بەن ـ گۇرۇپپىسىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ شيا

12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، «مۇنەۋۋەر بەن ـ گۇرۇپپا» كۆچمە قىزىل بايرىقىنى ئالغان ھەزرىتئېلى باياجىنىڭ چېھرىدە خۇشاللىق جىلۋىلەندى.

24 ياشلىق ھەزرىتئېلى شىنجاڭ زىجىن رەڭلىك مېتال چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى، ئۇ ياش تۇرۇپلا بەن ـ گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ، ئون ئادەم بىر گۇرۇپپا بولغان كوللېكتىپنى باشلاپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىشلىدى. 11 ـ ئايدا، ئۇ يېتەكلىگەن بەن ـ گۇرۇپپىنىڭ ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، 37 سېخ ئىچىدە سانى ئاز بولغان چولپان بەن ـ گۇرۇپپىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى، بۇ چاغدا ھەزرىتئېلىنىڭ بەن ـ گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگىنىگە ئەمدىلا يېرىم يىل بولغانىدى.

قولغا كەلتۈرۈلگىنى يەنە مول كىرىم بولدى، شۇ ئايدا ھەزرىتئېلىنىڭ مائاشى 12 مىڭ يۈەن بولدى. «ئازراق تاسادىپىيلىق ھېس قىلدىم، بۇ ئاز پۇل ئەمەستە!» دېدى ھەزرىتئېلى تارتىنغىنىچە كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئالتە جان بار ئائىلە، نەچچە ئەۋلاد دېھقانچىلىق قىلىش، ھەزرىتئېلىگە كەلگەندە بۇ خىل ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولدى.

ھەزرىتئېلى شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنىنىڭ ئاپتوماتلاشتۇرۇش كەسپىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، بۇلتۇر ئۇ مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن تەكلىپ قىلىش يىغىنىدا تېخنىك ئىشچىسىغا ئايلانغان.

خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن، ئىدارە ئۇنىڭ ئويىدىكى بىلەن ئوخشىماي قالدى. «شىركەت ئۇلۇغچات ناھىيەسىنىڭ سانائەت باغچە رايونىدا بولۇپ، بۇ يەر ئەينى چاغدا تېخى قاقاسلىق ئىدى.» ھەزرىتئېلى زاۋۇت رايونى قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، پولات ماتېرىياللىرىنى يۆتكەش، ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش، كېرەكسىز ماتېرىياللارنى تازىلاش... ئۇ تۇپتوغرا يېرىم يىل قۇرۇلۇش مەيدانىدا ئالدىراش ئىشلىدى. «قىشتا سىرتنىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 20 نەچچە سېلسىيە گرادۇس بولۇپ، سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇراتتى، كۆپچىلىك ھاردىم ـ تالدىم دېمەي، دائىم قاراڭغۇ چۈشكىچە ئالدىراش ئىشلەيتتى، پېشقەدەم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن كەسىپنى قەدىرلەش ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى كۆردۈم.» ھەزرىتئېلى شۇ مەزگىلنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: زاۋۇت بىناسىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە پۈتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن پەخىرلەندىم، چۈنكى ھەربىر خىش ـ كاھىشقا مېنىڭمۇ تەرىم سىڭگەن.

بۇ يىل 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، قۇرۇلۇپ پۈتكەن زاۋۇت رايونى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچىغا كىردى، بۇنىڭ بىلەن ھەزرىتئېلىنىڭ غەيرىتى ئاشتى. ئېرىتىپ قۇيۇش سېخىنىڭ تىزىش ئىش ئورنىدىكى بىر خادىم بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ ئاساسلىقى ئاپتوماتلاشقان ماشىنىدىن پايدىلىنىپ مەھسۇلاتلارنى تىزاتتى، بۇ چوڭ تىپتىكى ئاپتوماتلاشقان ئۈسكۈنىلەرنى زاۋۇت رايونىغا يۆتكەشتىن تارتىپ قۇراشتۇرۇش ۋە مەشغۇلات قىلىشقىچە ھەزرىتئېلىنىڭ قولىدىن ئۆتكەنىدى.

«قاراڭ، بۇ تىزىش ماشىنا ئادەمى كۆپ خىل مەھسۇلاتلارنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئايرىيالايدۇ ۋە تىزالايدۇ.» ھەزرىتئېلى قولىدا بىر مىكرو ئېلېكترونلۇق مەشغۇلات تاختىسىنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ «قوماندانلىقى»دا، تىزىش ماشىنا ئادەمى «بىلىكى»نى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، مەھسۇلاتنى تۇتۇپ بەلگىلەنگەن ئورۇنغا قويدى. ھەزرىتئېلى مۇنداق تونۇشتۇردى: شىركەتنىڭ مەھسۇلاتلىرى باتارېيە، ئاپتوموبىل قاتارلىقلارنى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 100 مىڭ توننا بولۇپ، تيەنجىن، شاڭخەي قاتارلىق جايلارغا سېتىلىدۇ.

ھەزرىتئېلى ئەقىللىق، تىرىشچان بولۇپ، شىركەت نۇقتىلىق تەربىيەلەۋاتقان ئوبيېكت ئىدى. بۇلتۇر، شىركەت ئۇنى ئىچكى موڭغۇلدىكى تارماق شىركەتكە ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئۈچ ئايلىق ئۆگىنىش ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، قابىلىيىتىنى ئۆستۈردى، ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى كەسپىي تەرەققىياتتا بولغان ئىشەنچى تولۇپ تاشتى.

«شىركەتنىڭ 80% ئىشلەپچىقىرىشى ئاپتوماتلاشقان، مەن ئۆگىنىشنى تېزلىتىپ يېتىشىۋېلىشىم كېرەك.» ھەزرىتئېلى تېخنىكا تايانچىلىرىدىن بولۇپ، ھۈنەر ـ سەنئەت تەرتىپىنى ياخشىلاپ، ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ئېچىشنى قانات يايدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ مەھسۇلاتلارنى ئىچكىرى رايونلارغا، ھەتتا چەت ئەللەرگە سېتىشنى ئۈمىد قىلدى.

ھەزرىتئېلى شىركەتتە ئۆسۈپ يېتىلدى، شۇنداقلا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى: بۇلتۇر ئۇ ھەممە پۇلنى نەق تۆلەپ پىكاپ سېتىۋالدى، ھەر ئاينىڭ ئاخىرىدا، پىكاپىنى ھەيدەپ ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئۇستۇنئاتۇش بازىرىدىكى ئۆيىگە قايتىش ئۇنىڭ ئەڭ بەختلىك ۋاقتى.

«ھەر ئاينىڭ ئاخىرىدا، مەن يەنە ئاتا ـ ئانامغا 5000 يۈەن ‹مائاش› بېرىمەن.» قىشنىڭ ئىللىق ئاپتىپىدا، بەخت ھەزرىتئېلىنىڭ چېھرىدە جىلۋىلەندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۆھرەت زاكىر شەرقىي تيانشان ئېتىكىدىكى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ كۆلىياقا يېزىسى قارا چەڭزى كەنتىگە كەلدى، بۇ كەنت ئولتۇراقلاشتۇرۇپ چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش قۇرۇلۇشى، كەنتكە ئاسفالت يول تۇتاشتۇرۇش، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرىنى دەل جايىدا يولغا قويۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. شۆھرەت زاكىر كەنت كادىرلىرىدىن كەسىپ ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش ۋە ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى ھەم كەنت ئاھالىسى مەدىن بورداقاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بوۋاي بىلەن ئائىلىسىنىڭ كىرىمىنى ھېسابلاشقا باشلىدى: باقمىچىلىقتىن قىلىدىغان يىللىق كىرىم 15 مىڭ يۈەن، ساتىراشخانا ئېچىشتىن قىلىدىغان يىللىق كىرىم 21 مىڭ 600 يۈەن... تۈرلۈك كىرىملەر ھەققىي، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇپ، شۆھرەت زاكىر بوۋاي ئۈچۈن چىن قەلبىدىن خۇشال بولدى، ئۇ بوۋاينى ئىلھاملاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «پەقەت ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، پائال كۈرەش قىلساقلا، ياخشى كۈنلەر تېخى ئالدىمىزدا».

ئاراتۈرۈك ناھىيەسىنىڭ ئاراتۈرۈك بازىرى شيۇشۆيۈەن مەھەللىسىدە، شۆھرەت زاكىر ئىختىيارىي ھالدا كەنت ئاھالىسى ھېمىت تاجىنىڭ ئەمىن ئۆيىگە كىردى. «پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە رەھمەت، ئىلگىرى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتۇق، ھازىر شەھەرلىكلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئۆيدە تۇرۇۋاتىمىز.» بوۋاينىڭ ھاياجانلىنىپ ئېيتقان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، يېڭى ئۆينىڭ يېقىملىق بېزەلگەنلىكى، تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ قاتارلىق ئەسلىھەلەرنىڭ تولۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: «سىلەر رازى بولساڭلارلا، بىز خاتىرجەم بولىمىز. تۇرمۇشۇڭلارنىڭ تېخىمۇ بەختلىك بولۇشىغا تىلەكداشمەن!»

باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى جيەنكۈن چارۋىچىلىق چەكلىك شىركىتى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، زاكازلىق باقمىچىلىق، چارۋىلارنى ھاۋالىلىك بېقىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولدى؛ ئاراتۈرۈك ناھىيەسى شىنجاڭ جۇڭتو بېيوپەن تېخنىكا چەكلىك شىركىتى كەسىپ زەنجىرى بەرپا قىلىپ، قوشۇلما قىممەتنى ئاشۇرۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى قوشۇلما قىممەت پايدىسىدىن تېخىمۇ كۆپ بەھرىلەندۈردى. شۆھرەت زاكىر كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، تېخنىكا تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى، كارخانا مەسئۇللىرىنى غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىنىڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارنى تەشكىللەش ۋە يېتەكلەش رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلار بىلەن بولغان مەنپەئەت باغلىنىشى مېخانىزمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئاممىنى تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش ئۈمىدىگە ئىگە قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

شۆھرەت زاكىر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىش تېخىمۇ بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشقا ئاتلىنىشنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى ئۇزاققىچە ياخشى تۇتۇپ، كۆپ تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، قايتا نامراتلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سۈپىتىنىڭ تېخىمۇ يېتەرلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى ئىلمىي، ياخشى پىلانلاپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىشىنى زىچ چۆرىدەپ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى سىجىل ئاشۇرۇش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«بىز لىنىيە بويىدىكى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ياشاش ئادىتى، كۆچۈش قانۇنىيىتى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، كۆپ جايدا كۆرۈش دائىرىسى كەڭ، يەر يۈزى تەكشى، تۇپراق سۈپىتىنىڭ يۇمشاق، قاتتىقلىقى مۇۋاپىق رايونلارنى تاللاپ، مەخسۇس ياۋايى ھايۋانلار كۆچۈش يولى تەسىس قىلدۇق.» شىنجاڭ تۆمۈريول چارلاش ـ لايىھەلەش يۇرتى چەكلىك شىركىتى لىنىيە ترانسپورتى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى خاۋ بو مۇنداق دېدى: «يولنىڭ ئىككى يېقىدا يەنە شارائىتقا قاراپ سۇ مەنبەسى قۇرۇلۇپ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئوڭۇشلۇق ئۆتۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىندى ۋە ياردەم بېرىلدى».

بۇ كۆچۈش يوللىرى ئىچىدە، ئەڭ بەلگىلىك خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى بىرىنچى نومۇرلۇق ئاساسلىق ھايۋانلار يولى پەۋقۇلئاددە چوڭ كۆۋرۈكى. بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2642.22 مېتىر بولۇپ، كەڭلىكى 2.5 كىلومېتىر كېلىدىغان ئۆتۈش بەلبېغى شەكىللەندۈرۈلۈپ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئەركىن كۆچۈشىگە كەڭ يول ئېچىپ بېرىلگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىنىڭ لىنىيەسى لايىھەلىنىپ، يول ئۈلى ياتقۇزۇلغاندىمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياۋايى ھايۋانلار ئويلىشىلغان. قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدا مۇھاپىزەت رايونىدا توپا ئېلىش ـ تۆكۈش مەيدانى ۋە بېتون ئارىلاشتۇرۇش پونكىتى قۇرۇلماستىن، بەلكى يېقىندىكىنى قويۇپ يىراقتىكىگە يۈگۈرۈپ 100 كىلومېتىردىن كۆپرەك يىراقلىقتىكى شەرقىي جۇڭغاردىن 4 مىليون 900 مىڭ كۇب مېتىر توپا توشۇلۇپ، يول ئۈلىنىڭ توپا تىندۇرۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنغان.

«ياۋايى ھايۋانلار مۇھىتقا ئىنتايىن سەزگۈر.» جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى قومۇل تۆمۈريول قۇرۇلۇشى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى ۋۇ گې مۇنداق دېدى: «يول ئۈلىنى ياتقۇزۇشقا زور مىقداردا توپا كېتىدۇ، توپا يۆتكەش ئارقىلىق قۇرۇلۇش خىراجىتى تەخمىنەن 169 مىليون يۈەن كۆپىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئېكولوگىيە ئۈنۈمى بىباھادۇر».

---

## يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# ئاپتونوم رايون تۇنجى تۈركۈمدە دېموكراتىيە ـ قانۇنچىللىق بويىچە 56 ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتى(مەھەللە)گە نام بەردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **سۈي يۈنيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون تۇنجى تۈركۈمدە دېموكراتىيە ـ قانۇنچىللىق بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتى(مەھەللە)لىرىگە نام بېرىش، تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، قورغاس ناھىيەسىنىڭ لۇسۇگۇڭ بازىرى سىگۇڭ كەنتى قاتارلىق 56 كەنت(مەھەللە) تىزىملىككە كىردى.

ئالتاي شەھىرىنىڭ بالباغاي يېزىسى كۆكەرتۇ كەنتىدە «بىر ئەھدىنامە، ئىككى يىغىن، ئۈچ ئۆمەك(كەنت قائىدىسى ئاھالىلەر ئەھدىنامىسى، پۇقرالار كېڭىشىش يىغىنى، يېزا ئاقساقاللىرى كېڭىشىش يىغىنى، تۈرلۈك ئىشلار مۇلازىمەت ئۆمىكى، قانۇن مۇلازىمەت ئۆمىكى، ئەخلاق باھالاش ئۆمىكى)» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش يۇغۇرۇلغان ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئەندىزىسى ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ سانجى شەھىرىنىڭ لىۇگۇڭ بازىرى دۇڭگۇگوڭ كەنتى يېڭى دەۋر مەدەنىيلىكى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش مەركىزى، ئەخلاق دەرسخانىسى، كەنت چوڭ كانىيى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلارنى ئىنكاس قىلىش كۈنى ھەم قانۇننى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش قاتارلىقلار ئارقىلىق كەنت ئاھالىلىرىگە بولغان قانۇنچىللىق تەربىيەسىنى ياخشى تۇتتى؛ ئاقسۇ شەھىرى ئىگەچى يېزىسى باغچى كەنتىنىڭ خەلق مۇرەسسە ئىشخانىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن بىر يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، ئامما ئۈچۈن قوشنىلار ئارىسىدىكى ماجىرالار، قەرز ماجىرالىرى قاتارلىق 200 گە يېقىن مەسىلىنى مۇرەسسە قىلىپ بېرىپ، 56 قېتىم قانۇن ياردىمى بىلەن تەمىنلەپ، ئاممىنىڭ «سىردىشى» «ياخشى ياردەمچىسى»گە ئايلاندى...

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار «ئاپتونوم رايوننىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىللىق بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتى(مەھەللە)» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ قانۇنچىللىق قارىشى ۋە قانۇنچىللىق ساپاسىنى ئۈنۈملۈك كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى.

بۇ قېتىمقى ئاپتونوم رايوننىڭ تۇنجى تۈركۈمدە دېموكراتىيە ـ قانۇنچىللىق بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتى(مەھەللە)لىرىگە نام بېرىش، تەقدىرلەشنىڭ مەقسىتى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە ـ قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، كېڭەيتىپ، ئىلغار تىپلارنى تۇرغۇزۇپ، يېتەكلەش، ئۈلگە كۆرسىتىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش.

يىغىندا پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ يېزا(مەھەللە)لارنى دېموكراتىيە ـ قانۇنچىللىق بويىچە 56 ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتى(مەھەللە)دىن ئۆگىنىپ، دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى چۆرىدەپ، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىللىق بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتى(مەھەللە) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش بىرلەشتۈرۈلگەن يېزا ـ كەنتلەرنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشقا ياخشى قانۇنچىل مۇھىت يارىتىپ، تىنچ ـ ئامان شىنجاڭ، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشقا چاقىردى.

# ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش باش تېمىسىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كىتابلىرى تارقىتىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ شياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش باش تېمىسىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كىتابلىرىنى تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شىنخۇا خەلقئارا كىتاب شەھەرچىسىدە ئۆتكۈزۈلدى. «ئارزۇنى رويابقا چىقىرىش ـــ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ شىنجاڭ خاتىرىسى» «باھار شاملى ۋە شىپالىق يامغۇر ـــ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ھېكايىسى» «شېئىرىي مەنىگە تويۇنغان ماكان كۆكيار» «بوغدادىن كەلگەن خەت» «بەخت گۈلى تارىمدا ئېچىلدى»دىن ئىبارەت بەش كىتاب رەسمىي تارقىتىلدى.

بۇ قېتىم تارقىتىلغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش باش تېمىسىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كىتابلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ پىلانلاپ چىقارغان.

ئىجادىيەت جەريانىدا، ھەرقايسى يازغۇچىلار تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ، خەلق تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، زور مىقداردىكى يېڭى، جانلىق ئىجادىيەت خام ماتېرىياللىرىنى توپلاپ، پىششاق قەلىمى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە تيانشاننىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى سۈرەتلەپ بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدىكى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ھېكايىلەرنى خاتىرىلىدى. كىتابلاردا ھەر مىللەت ئاممىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىدىغان، بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىدىغان، بىر ـ بىرىگە كۆيۈنىدىغان روھىي قىياپىتى مەركەزلىك نامايان قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشىدىكى بىر مۇھىم ئەدەبىي خاتىرىنى قالدۇردى.

تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلانى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شىنجاڭ كۇتۇپخانىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى 1 ـ ئاۋغۇست تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى گۈچىڭ جەنۇبىي مەھەللىسى، ئۈرۈمچى ناھىيەسى شۈيشىگۇ بازىرى پىڭشىلياڭ كەنتىدىكى دېھقانلار كىتابخانىسىغا كىتاب سوۋغا قىلدى.